# سىلەرنىڭ بىرىڭلار مېنى ئۆزىنىڭ ئاتىسىدىن، بالىسىدىن ۋە بارلىق ئىنسانلاردىن بەكرەك ياخشى كۆرمىگۈچە كامىل مۇسۇلمان بولالمايدۇ

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار مېنى ئۆزىنىڭ ئاتىسىدىن، بالىسىدىن ۋە بارلىق ئىنسانلاردىن بەكرەك ياخشى كۆرمىگۈچە كامىل مۇسۇلمان بولالمايدۇ».
[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزگە ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۆيگۈسىنى ئۆزىنىڭ ئانىسى، ئاتىسى، ئوغلى، قىزى ۋە بارلىق ئىنسانلارغا بولغان سۆيگۈنىڭ ئۈستىگە قويمىسا، ئۇنىڭ كامىل مۇسۇلمان بولالمايدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بېرىدۇ. بۇ سۆيگۈ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش، ياردەم بېرىش ۋە ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشنى تەرك قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/5953